ۋىكىپېدىيە
ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە

# تۈر:تارىخ

**مۇنازىرە ۋە ياردەم** · تۈرلەر · ئاچقۇچ تۈرلەر · تۈر

ئۇچۇر | پەلسەپە | ئومومى | ئىلىم | ئەمەلىي | جەمئىيەت | گۇمانتار | تىل | تېخنىكا | تەبىئەت | مەدەنىيەت | ئەدەبىيات | تارىخ | ھالقىما | جۇغراپىيە | كىشىلەر | ۋىكى

غېنى باتۇر خەلق قەھرىمانى---- غېنى باتۇر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى نىلقا قوزغىلىڭىنىڭ ئاساسلىق رەھپەرلىرىدىن بىرى ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەلىق قەخرىمانى ، ھەربى قوماندان غېنى مۇھەممەت باقىر 1901 - يىلى غۇلجا ناھىيە قاش يېزىسىنىڭ تۇردىيۈز مەھەللىسىدە كەمبەغەل دىھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن .غېنى كىچىكىدىنلا ئىشچان ، باتۇر ، كۈچلۈك ، غەيرەتلىك بالا بولۇپ ، بالا ۋاقتىدا چىلىشتا داڭ چىقىرىدۇ ۋە ئېگىز بوي ، گەۋدىلىك ، يوغان باش ، كەڭ ۋە سوزۇق يۈزى قىپ - قىزىل ، قوي كۆز ، كەم سۆز ئادەم بولۇپ يېتىلىپ چىقىدۇ .غېنى16 ياش ۋاقىتلىرىدا بىر كۈنى تۇققۇز تارادا باتۇرلۇق ھەققىدە سۆز قىلىۋاتقان ئاتلىق بىر قازاق يىگىتكە << مەن مۇشۇ ئالا ئېتىڭنى ئاشۇ قارا ياغاچ تۈۋىگە ئاپىرىپ ئەكەلسەم نىمە دەيسەن ؟>> دەپ 150مىتىر ئارلىقنى كۆرسۈتىدۇ .قازاق يىگىت ئەگەر ئەگەر دىگىنىڭدەك قىلساڭ ، ئاتنى ساڭا بەردىم . قىلالمىساڭ ئاۋۇ تورۇق ئېتىڭ مىنىڭ >> دەيدۇ ، غىنى بارغان پېتى ئاتنى يەلكىسىگە ئېلىپ ماڭىدۇ ، قىيقاس كۆتۈرۈلىدۇ . غېنى ئاتنى كۆتۈرۈپ قارىياغاچتىن 100مىتىر نىرى يارگە ئېلىپ بېرىپ ، قايتۇرۇپ ئەكىلىدۇ . خەلق ھەيران قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن غىنىنىڭ << باتۇر >> دىگەن نامى پۈتۈن ئىلى رايۇنىغا تارقىلىدۇ . ھەم زۇلۇمغا جازانىخورلۇققا قارشى ھەركەت قىلىدىغان نوچىلار غېنىنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىشقا باشلايدۇ . ئۇلار زالىم بەگلەر ، جازانىخور بايلار ، ئەمەلدارلارنى تىللايدۇ ، مەسخىرە قىلىدۇ ، ئېپى كەلسە ئۇلارنىڭ مال مۈلكىنى ئوغۇرلاپ ، يىتىم - يىسىرلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ . شۇڭا غېنى 1944 يىلىغىچە كۆپ قېتىم تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ ، ھەر قېتىم قامالغاندا كىشەننى ئۈزۈپ تاشلاپ كاچىدۇ .ئەڭ ئاخىرقى قېتىم غېنى 1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۈشەنبە ئۇرۇمچى 2 - تۈرمىدىن ( ھازىرقى ئۇرۇمچى شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئورنىدا ) قېچىپ نىلقا ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ . شۇ كۈنلەردە نىلقا تاغلىرىدا گومىنداڭغا قارشى ھەركەت ئېلىپ بىرىۋاتقان فاتىخ باتۇر ، ئەكبەر باتۇر ، قۇربان بۇرھانىدوف ، ئوسمان ئىبرايىموف ، سىيىت ئاۋان ( ئەكبەرنىڭ ئىنىسى ) ، نۇر ئوبولۇف ، ھوشۇر مامۇتۇف ، ، مۇساقان قۇربان ، خەمىت مۇسلىموف ( فاتىخ باتۇرنىڭ ئىنىسى ) ، رەپىق بايچۇرىن قاتارلىق پارتىزانلار گۇرۇپپىسى غېنى باتۇرنىڭ ئۇرۇمچى تۈرمىسىدىن قېچىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ، ئۇنى ئىزدەپ تاپىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن غېنى ئىنقىلاپقا قېتىلىدۇ . پارتىزانلىق شتاپ قۇرۇلغاندا غېنى 2- پارتىزانلار گۇرۇپىسىغا مەسئۇل بولىدۇ ، بۇ گۇرۇپىدا زۇلۇمغا قارشى ، ئەركىنلىككە ئىنتىلگۈچى 200دىن ئارتۇق پارتىزان بار ئىدى .غېنى شۇندىن باشلاپ ھەرقايسۇ ئۇرۇش رايۇنلىرىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن غېنى باتۇر دەپ تەرىپلىنىدۇ . غىنى باتۇر ۋە پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ غۇلجا تەرەپتىن 10 ماشىنىدا كەلگەن ئەسكىرىنى توسۇپ زەربە بېرىپ ، مازار رايونىغا كىرگۈزمەي يوقۇتۇپ ئۇلارنىڭ قورال ياراقلىرىنى غەنىمەت ئالىدۇ . سۇلتان ئوۋەيس مازىرىغا يوشۇرۇن كىرىپ ، ساقچى ئىدارىسىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ . ھەر مىللەت خەلقىدىن قامالغان 30 نەچچە كىشىنى قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىدۇ .غىنى يەنە قارا سۇ ، سۇيتاي ، مازار رايونىدىكى ئۇرۇشتا ئاتلىق ئىككى قولىدا ئىككى ماۋزۇر بىلەن يامغۇردەك يىغىۋاتقان ئوققا قارىماي دۈشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتىدۇ . دۈشمەن توپىغا ئاتلىق بېسىپ كىرىپ دۈشمەن قولىدىكى قورالنى تارتىپ ئېلىپ چىقىدۇ . غېنىنىڭ بۇنداق باتۇرلىغى خەلق ئىچىدە ھەرخىل ئەپسانىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولىدۇ . غېنى ئارشاڭنى ئېلىش ئۇرۇشىدا ئېغىر يارلىنىپ ئالمۇتۇغا داۋالىنىشقا بارىدۇ ۋە داۋالىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاقىتلىق ھوكۇمەت ئۇنىڭ قەخرىمانلىق جاسارىتى ، قوماندانلىق ماھارىتىنى نەزەرگە ئېلىپ ، ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ھەربى ئۇنۋان ۋە << خەلق قەخرىمانى >> دىگەن ھۆرمەتلىك نامنى بېرىدۇ .ئۇ ئازاتلىققا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى ، مىللى ئارمىيە ھەربى سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىغى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولىدۇ . ئۇ بۇ جەرياندا << جۇمھۇرىيەت >> ، <<ئازاتلىق >> ، <<

ئىستىقلالىيەت >> ، << باھادۇرلۇق ئۇچۇن >> قاتارلىق كۆپلىگەن ئوردېنلار بىلان تارتۇقلىنىدۇ .ئازاتلىقتىن كېيىن ئۆلكىلىك سىياسى مەسلەھەت كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ . كېيىن كېيى پاتىخ باتۇر بىلەن لەنجۇدا 1953- يىلىغىچە دەم ئالىدۇ . 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرى قايتىپ كېلىپ ئۆلكىلىك سىياسى مەسلەھەت كېڭىشىگە ئەزا بولىدۇ . 1954- يىلىنىڭ ئاخىرى غۇلجىغا كېتىدۇ ۋە 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرى ھازىرقى قازاقىستانغا چىقىپ كېتىدۇ . 1997 - يىلى 96 يېشىدا ئالمۇتا شەھرىدە ۋاپات بولىدۇ .

## تارماق سەھىپە

بۇ سەھىپىنىڭ تۆۋەندىكى 11، جەمئى 11 سەھىپىسى بار.

### ت

- تارىخشۇناسلىق (3 تۈر, 2 بەت)
- تارىخى دەۋر (1 تۈر, 3 بەت)

### خ

- خانلىقلار (1 بەت)

### د

- دۇنيا تارىخى (11 بەت)

### ش

- شەرقىي تۈركىستان تارىخى (7 بەت)

### ق

- قۇرىغار (4 بەت)

### ي

- يىلنامىلەر (70 تۈر)

### چ

- چىسلا (1 تۈر)

### ھ

- ھەرخىل تېمىدىكى تارىخ (8 تۈر)
- ھەرقايىسى دۆلەت تارىخى (2 تۈر)
- ھەرقايىسى مىللەت تارىخى (1 تۈر)

# «تارىخ» سەھىپىدىكى بەت

40 بەت جەمئى 40 بەت بار.

### 1

- 1832- يىلىدىكى ئىسلاھات قانۇنى
- *1934- يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر*

### D

- ئىشلەتكۈچى:Dakika2022
- Wikipedia:Did you know

### ئ

- ئابدۇلھەمىد II
- ئالتە كۈنلۈك ئۇرۇش
- ئوتتۇرا ئافرىقا
- ئوقياچىلىق
- ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى
- ئېلىخان تۆرە
- ئەين جالۇت ئۇرۇشى

### ب

- باسماچىلىق ھەرىكەتى
- بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى

### ت

- تاڭ سۇلالىسى
- تۆرت خەلىپە
- تۈركىستان
- ئايەتۇللاھ ھامەيىنى

### ج

- جىلۇلۇك

### خ

- خۇگېنو ئۇرۇشى
- خەلىپىلەر تىزىملىكى

### س
- سىنبالدو فىسچى
- سىپرۇس ھەرىكىتى
- سۇلتان مەھمۇد خان
- سەكسەن يىللىق ئۇرۇش
- سەلجۇقىيلار
- سەيفىددىن قۇتۇز

### ش
- شىما ساكون
- شەرقىي ئافرىقا
- شەيخانتاھۇر

### غ
- غېنى باتۇر
- غەربىي ئافرىقا

### ف
- فرانكلار

### ك
- كۆئىنسبېگاۋا ئۇرۇشى
- كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى
- كەتبۇقا

### م
- موڭغۇل ئىستىلالىرى
- مۇباراك شاھ

### ي
- يۇنۇس خان

### چ
- چاناق قەلئە ئۇرۇشى
- چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بەگ تۆرىلەر

"https://ug.wikipedia.org/w/index.php?title=تۈر:تارىخ&oldid=137664" دىن ئېرىشكەن